# پاچاق ياكى قول گۆشگە تەكلىپ قىلىنىسامموُ بارغان بولاتتىم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پاچاق ياكى قول گوشگە تەكلىپ قىلىنسامموُ بارغان بولاتتىم، قول گۆش ياكى پاچاق سوۋغا قىلىنسىمۇ قوبۇل قىلغان بولاتتىم

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، كەمتەرلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپدىغانلىقى، ھەدىيە قىلىنغان نەرسە ئاددى بولسىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، بىرەر كىشىنىڭ ئاز ۋە ئاددى نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىرغانلىقىنى بىلسىمۇ رەت قىلمايدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن، چۈنكى چاقىرغان يەرگە بېرىش، ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلىشتىكى مەقسەت تەكلىپ قىلغۇچى بىلەن يېقىنلىشىپ، دوسلۇقنى كۈچەيتىش، گەرچە ئاز كۆرمىسىمۇ، ھەدىيەنى رەت قىلىپ، چاقىرغان يەرگە بارمىغاندا نەپرەتلىنىپ، ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەدىستە ئاددى نەرسە بىلەن قىممەتلىك نەرسىنى بىرلەشتۈرۈپ پاچاق بىلەن قول گۆش ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى، چۈنكى رەسۇلۇللاھ باشقا گۆشلەرگە قارىغاندا قول گۆشنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى، پاچاق بولسا ئۇنچە قىممەتلىك نەرسە ئەمەس

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6216